# يايپونىيەدىكى ياش تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئاكادېمىيە مۇكاپاتى» ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

تارىخ بىزگە كۆپ قېتىملار كۆرسەتتىكى، مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكىنى ئۆز قەدىر - قىممىتىگە يەتكۈزگەن مىللەتلەرلا تەرەققىياتنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، دۇنيادا دائىم قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىمىزمۇ تارىختىن بۇيان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى يارىتىپ، ئىلىم - پەن ساھەسىدە نادىر تۆھپىلەرنى قوشقان، مائارىپ ۋە تېخنىكىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر مىللەتتۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ روھنى قايتا جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمىي تەتقىقات ۋە تېخنىكا ساھەسىدە يېتىشكەن، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان مىللىتىمىز ياش تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەتقىقاتلىرىنى قوللاپ، ئۇلارغا يول ئېچىشىمىز زۆرۈردۇر. مائارىپسىز بىزنىڭ كەلگۈسىمىز بولمايدۇ. شۇڭا بىز ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ يېڭى پىكىر، يېڭى تەتقىقات ۋە يېڭى نەتىجىلەر بىلەن مىللىتىمىزنىڭ نامىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان قوللاشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

بىز بىر ئاكادېمىيە فوندى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، تۈرلۈك ساھەلەردە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان ياش تەتقىقاتچىلارنى قوللاش مەقسىتىدە، بۇ يىل (2025 - يىلى) دىن باشلاپ «ئاكادېمىيە مۇكاپاتى»نى تەسىس قىلدۇق.

بۇ مۇكاپات پەقەتلا بىر ماددىي تەقدىرلەشلا ئەمەس، بەلكى يايپونىيەدىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىش يولىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىشىگە بولغان تىلەكداشلىق، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ۋە قەدىرلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بارلىق ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئىلتىماس قىلىش شەرتلىرى:

1. ئۆتكەن بىر يىلدا (2024 - يىلى 1 - يانۋاردىن 2024 - يىلى 31 - دېكابىرغىچە) ئىنگلىز تىلىدا نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنالدا ماقالە ئېلان قىلغان، ئىلىم تەتقىقات ساھەسىدە بەلگىلىك تەسىرى بولغان كەشپىيات ياراتقان، يېڭى پاتېنتقا ئېرىشكەن ۋە ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياپونىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار ياكى تەتقىقاتچىلار.

2. ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇش.

**ئىلتىماس قىلىش ۋاقتى:**

2025 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (يەكشەنبە) دىن 2025 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى (پەيشەنبە) گىچە

**ئىلتىماس قىلىش ئۇسۇلى:**

ئىلتىماس قىلىش بېتىدىن ئېلان قىلغان ماقالە نامى، كەشپىيات نامى، پاتېنت نامى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈپ ئىلتىماس قىلسىڭىز بولىدۇ.

**ئىلتىماس قىلىش تور بېتى:**

https://www.juacademy.org/academy-award/

**تاللاش ئۇسۇلى:**

مەخسۇس باھالاش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىلتىماس ئۇچۇرلىرى ئارقىلىق باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. باھالاش كومىتېتىنىڭ باشلىقى خەلقئارالىق بىر قانچە داڭلىق ژۇرنالدا تەھرىرلىك خىزمىتى قىلىۋاتقان ئاكادېمىك قېرىنداشىمىز بولۇپ، ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ماقالە، كەشپىيات ۋە پاتېنتنىڭ سەۋىيەسى، تەسىر دائىرىسى قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق باھالاپ چىقىلىدۇ.

**مۇكاپات سوممىسى:**

ئۈچ تۈمەن يېندىن ئون تۈمەن يېنغىچە بولىدۇ.

**ئەۋەتىلىدىغان ماتېرىياللار:**

ئېلان قىلغان ماقالە تېمىسى، كەسپىيات ۋە پاتېنتىنىڭ تور بەت ئۇلانمىسى، ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا ئېرىشكەن مۇكاپات ئۇچۇرى قاتارلىقلار.

**ئېلان قىلىش ۋاقتى:**

2025 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى (شەنبە) باھالاش نەتىجىسى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئېلخەت ئادرېسىغا ئەۋەتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن:

**NPO ئورگىنى JU ئاكادېمىيە فوندى**

NPO 法人 JU アカデミー基金
E-mail: info@juacademy.org
URL: https://www.juacademy.org